چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

جۇڭگو خۇادىيەن گۇرۇھىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بايقۇرۇت كەنتىدە فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ياردەم بېرىپ قۇردى

# «قۇياش نۇرى بانكىسى» كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بېيىش يولىغا ئاتلاندۇردى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى جاڭ رۇيلىن

«بۇ كەنت تاغ بىلەن قورشالغان، تېرىلغۇ يېرى كۆپ ئەمەس، كەسىپلەر كۈچلۈك ئەمەس، لېكىن بۇ يەردە قۇياش نۇرى ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا قۇم - بوران ئاز، فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشتا ئەۋزەللىككە ئىگە، بۇ، كەڭ تەبىئەت بەرگەن بايلىق، تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.» 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو خۇادىيەن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئۇلۇغچات ناھىيەسى بايقۇرۇت يېزىسىنىڭ بايقۇرۇت كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى تەن شۇەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇڭگو خۇادىيەن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ياردەم بېرىپ قۇرغان بايقۇرۇت كەنتىدىكى 500KWلىق فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تورغا تۇتاشتۇرۇلۇپ يۈرۈشتۈرۈلدى، بۇ، دۆلەتنىڭ «13 - بەش يىل»دىكى 2 - تۈركۈمدىكى فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىدىكى تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تورغا تۇتاشتۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسى، شۇنداقلا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 1 - فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى.

خېلىل ئىبراھىم ئىلگىرى فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. «ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلانغان كۈندىن تارتىپ كىرىمىمىز ئېشىشقا باشلىدى، قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ بىر كۈن ياردەملەشسەك 250 يۈەن تاپقىلى بولىدۇ. 1 - شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇش كەنتىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆزگىرىشى، كىرىمىمىزنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن ئىكەن، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كىرىمى كەنتىمىزنى قۇرۇشقا، كەنتىمىزنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا ئىشلىتىلىدىكەن» دېدى خېلىل.

كەنت ئاھالىلىرى تەرىپىدىن «قۇياش نۇرى بانكىسى» دەپ ئاتالغان فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى بىر قېتىم مەبلەغ سېلىش، ئۇزاق مۇددەت پايدا ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بايقۇرۇت كەنتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزگىچە ۋە مۇھىم رولنى زىممىسىگە ئالغان. تەن شۇەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 750 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ، يىللىق كۆزلىمە ئومۇمىي كىرىم 500 مىڭ يۈەندىن 700 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ، مۈلۈك بايقۇرۇت كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، بايقۇرۇت كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 100 نامرات ئائىلىنىڭ ھەربىرىنى ھەرىيلى 3000 يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ، ئاشقان مەبلەغ كەنت دەرىجىلىك ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىشلىرى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قانداق قىلغاندا بۇ «قۇياش نۇرى بانكىسى» مەبلىغىدىن جانلىق پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ تەن شۇەننىڭ قارىشىچە، جەزمەن تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەش ئاساس، مەبلەغ ئارقىلىق يۆلەش قوشۇمچە قىلىنىدىكەن. بۇ كىرىملەردىن ئەڭ ئاخىردا مەنپەئەتلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كەنت ئاھالىلىرى، لېكىن بۇ پۇللارنى ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كىرىمى ئەمگەك ھەققى شەكلىدە كەنت ئاھالىلىرىگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

«كەنت ئاھالىلىرىنى ئەمگەك ئارقىلىق مۇقىم كىرىمگە ئېرىشتۈرگەندىلا، ئاندىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىز كەنتتە ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى تەسىس قىلىشنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز، بەش ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىنى بېكىتىپ بولدۇق، كېيىن يەنە داۋاملىق تېخىمۇ نۇرغۇن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىنى كۆپەيتىمىز» دېدى تەن شۇەن.

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، بايقۇرۇت كەنتىدىكى كەنت كادىرلىرى ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئاچقان يىغىننىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى فوتوۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كىرىمىدىن قانداق پايدىلىنىپ كەنتتىكى تۈرلۈك تەرەققىياتلارغا يەنىمۇ كۆپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئېلىپ كېلىش بولدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسىنىڭ باقمىچىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ، كېيىنكى قەدەمدە، بايقۇرۇت كەنتى باقمىچىلىق تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى يۆلەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش كۈچلىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىدۇ، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى كالا، قوي گۆشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتۇر.

ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسىپلەردىن باشقا، بايقۇرۇت كەنتى يەنە تېرىقچىلىق تەرەققىيات سالمىقىنى زورايتىدۇ. «ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە تېرىلغۇ يەر نىسبەتەن كەمچىل بولغاچقا، كۆكتات، مېۋە - چېۋىنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيە سىرتىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، بايقۇرۇت كەنتىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىرقەدەر ماس كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، بۇ يىل بىز تېرىقچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى كەنت ئاھالىلىرىگە تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىمىز، يەنە كەنتتە كەسىپ يېتەكچىلىرىنى تاللايمىز، بۇنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىزغىنلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆزلىرى تېرىغان تۈرلۈك كۆكتاتلارنى يېيەلەيدىغان ھەم بۇ ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتەلەيدىغان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ تونۇشتۇردى تەن شۇەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ياۋا مېۋىلىك ئورمىنىدا زىيانلىق جانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئورتاق كۈچەيتىپ، خەۋپكە ئۇچراش دەرىجىسىنى يىلمۇيىل تۆۋەنلىتىش، يۈزبېرىش كۆلىمىنى يىلمۇيىل ئازايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تاغلىق رايونلاردىكى ياۋا مېۋىلىك ئورمىنىنىڭ ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقى ۋە ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتى سۇ - تۇپراق بايلىقىنى قوغداش، ياخشىلاش ۋە ئۈنۈمدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى قوغداش ۋە ئاشۇرۇش، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بەرپا قىلىش، سۇ - تۇپراق بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تەبىئىيلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ - تۇپراق بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش سىستېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

---

# 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتگۇرۇپپا(پارتكوم) شۇجىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى باھالاش - تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 13 تارماق، ئورۇننىڭ پارتگۇرۇپپا(پارتكوم) شۇجىلىرى يىغىندا خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، قالغان تارماق، ئورۇنلارنىڭ پارتگۇرۇپپا(پارتكوم) شۇجىلىرى خىزمىتىدىن يازما دوكلات بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ئورگان قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، بۇرچ ۋەزىپىسى، ئاساسىي پىرىنسىپى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ۋە كاپالەت تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى - تەلىپى بويىچە، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، باشتىن - ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مەڭگۈلۈك تېمىسى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تېمىسىنى دائىم تۇتۇش، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئورگانلارنىڭ پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆلپەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپتىن ئىبارەت «ئىككى ياقلىملىق» مەسىلىسى، ياچېيكا ئاساسى ئاجىز بولۇش مەسىلىسى ھەمدە بەلگىلىمە بولسىمۇ ئەمەل قىلماسلىق، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ بولۇش»نى قەتئىي تۈزەپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسپىي خىزمەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىستىل قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭنى ياخشى قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كۈندىلىك نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئورگان قۇرۇش كېرەك. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كاپالەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇشقا، باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇشقا، ئومۇمىيۈزلۈك، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق رازى بولىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سو يۈ، ماغاۋ سېيىتقامزا، ياڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

# يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىزچىل ئالغا سىلجىتىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

**ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش**

«ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى سىياسىي ئورگان، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ۋە دۆلەت مەمۇرىي تەپتىشلىكىگە مەخسۇس مەسئۇل ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈزلۈكسىز تۈردە سىياسىي نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.» بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى شى شاۋدى مۇنداق بىلدۈردى: دىققەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھوقۇقنىڭ توغرا يولدا يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زۇلپىيە ئىسمايىل مۇنداق دېدى: «تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى. بىز ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر بەلگىلەپ، ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش فۇنكسىيەلىك رولىمىزنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيمىز».

**ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ياخشى ھەل قىلىش**

«خەلقنى مەركەز قىلغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى سىياسەت، قانۇن - نىزام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خادىمى خۇ ۋېنجۈڭ مۇنداق بىلدۈردى: «قاتتىق» بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي رىتىمنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يولۋاسنىمۇ، چىۋىننىمۇ تەڭ يوقىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ياخشى ھەل قىلىش ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. باغراش ناھىيەسىنىڭ بۇمبۇت بازىرى ماڭنەن چاغان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شياۋ جىنگاڭنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتى ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئاشتى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئامما بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك سىياسەتلەر قىلچە ئازايمىدى، ھازىر ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بار، مەنپەئەتنى قوغدايدىغان ئادەم بار، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ!

**چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش**

«پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.» يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تەكلىپلىك رېۋىزورى، شىنجاڭ خۇڭفەن بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى جيا چياڭچياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن ئاممىنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەتراپىمدىكى «ئاچ كۆز چۈشۈن»لەرنى قەتئىي پاش قىلىپ، ئىنكاس قىلىپ، قاتتىق، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنىڭ باھار يامغۇرىدەك خەلق تۇرمۇشىغا ئۈن - تىنسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىشى، ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

خېجىڭ ناھىيەسى ئالغۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى لىۋ خېيلۇڭ مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا. پارتكومنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاقىدار تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئەمەلىي، كارغا كېلىدىغان ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىقتەك ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى قاپلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.